## ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى-گۇۋاھچىلار باياناتى
## مەھمۇت توختى ئامىن _UTFW2-009

مېنىڭ ئىسمىم مەھمۇت توختى ئامىن (مەن ھازىر بۇ ئىسمنى ئىشلىتىۋاتىمەن). مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم توختى ئاخۇن ئىدى. مەن شەرقى تۈركىستاننىڭ قەشقەر ناھىيەسى، كونا شەھەر لەڭگەر يېزىسى سۇلۇق 9-كەنتىدىن بولىمەن. مېنىڭ ھېچقانداق تۇغۇلۇش خاتىرەم يوق بولۇپ، چوڭلار مېنىڭ 1944-يىلى 7-ئاي ئەتراپىدا تۇغۇلغانلىقىمنى ئېيتقان. مەن ھازىر 77 ياشقا كىردىم.

مەن جىق ئىشلارنى كۆردۈم. 1991-يىلى تۈركىيەگە كېلىپ، 2000-يىللىرى تۈركىيە پۇقراسى بولدۇم. تۈركىيە پۇقراسى بولغاندىن كېيىن 2007-يىلى ھەم 2010-يىلى ئىككى قېتىم ۋەتەنگە باردىم. 2012-يىلدىن 2017-يىلىغىچە ھەر يىلى ۋەتەنگە بېرىپ زىيارەتتە بولدۇم. مەن تۈركىيەدە تۇرۋاتقىلى 30يىل بولدى.

ۋەتەندە مېنىڭ بالىلىرىم بار. مەن تۈركىيەدە مەستۇرە خانىم بىلەن توي قىلدىم. بىزنىڭ ئىككى ئوغۇل ۋە بىر قىزىمىز بار. 2016-يىلى، مەن كېيىنكى ئۆمرۈمنى يۇرتتا ئۆتكۈزۈشنى، ئاتا-ئانام بىلەن بىريەرگە دەپنى قىلىنىشىمنى ئارزۇ قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىشنى قارار قىلدىم. لېكىن بالىلىرىم تۈركىيەدە قالغانلىقى ئۈچۈن يۇرتتا بىر نەچچە ئاي تۇرۇپلا قايتىپ كەلدىم.

مەن ئۇ يەردە ئۈچ ئاي تۇردۇم. بۇ جەرياندا يەرلىك ساقچىلار بىلەن جىق توقۇنۇشلار بولدى. تۈركىيە پۇقراسى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇلار مېنىڭ ئۇيەردە تۇرۇشۇمغا يول قويمىدى. ئۇلار ماڭا خىتايدىن كېتىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

مەن بۇ ئىشلارنى مېدىيالاردا سۆزلىگەن، يەنە تەكرارلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. مەن 2017-يىلى سېنتەبىردە تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەندىن بېرى ۋەتەنگە قايتىشىم ئەسلا مۇمكىن بولمىدى. مىنىڭ ۋەتەندە بەش بالام بار، ئۈچ ئوغۇل ئىككى قىز. 2017-يىلى بىر بالامنىڭ 7 يىللىق قاماق جازاسىغا بۇيرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، ئۇنىڭ ئىسمى غاپپار توختى. 2017-يىلى نەۋرە قىزىم ئارزۇگۈلمۇ تۆت يىللىق كىسىلدى دەپ ئاڭلىدىم.

2017-يىلى ۋەتەندىكى ۋاقتىمدا چوڭ بالامنى لاگىرغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا بەش بالام، نەۋرە-چەۋرىلىرىم بولۇپ 35 ئادەمنىڭ ئەھۋالى ماڭا ئايان ئىدى، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ھازىرغىچە ئۇلار ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. مېنىڭ بىلىشىمچە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىسلامغا ئىشەنگەن، ناماز ئوقۇغان ھەم ساقال قويغان كىشلەرنىڭ ھەممىسىنى تېرورچى ھەم رادىكاللار دەپ جازالايدىكەن.

يېقىندا، باشقا كىشلەردىن ئاڭلىشىمچە بىزنىڭ يۇرتتىكى ئۆيىمىز پېچەتلىنىپتۇ. بۇخەۋەردىن مېنىڭ بالا-چاقىلىرىم ھەممىسىنىڭ لاگىرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ئەگەر بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1945-يىلدىن باشلاپ قىلغان جىنايەتلىرىنى سۆزلىسەك بەك ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. مەن قەشقەردە 5-6 شەھەر باشلىقى ئالماشقانلىقىنى بىلىمەن، ئۇلار بولسا ئۆمەر داموللا، تۆمۈرشەھەر باشلىقى، ئوسمان سىلىڭ، ساۋۇت داموللا قاتارلىقلار.

مېنىڭ دەيدىغىنىم مۇشۇنچىلىك، ئەگەر بىرەسى سورىسا مەن خوشاللىق بىلەن بۇ ئەھۋاللارنى سۆزلەشكە رازى. بۇ مېنىڭ ئەھۋالىم. كۆندىن كۆنگە قېرىپ كېتىۋاتىمەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زىيانكەشلىكى ۋە زۇلۇمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان يوقۇتۇش.

**مەن گۇۋاھچىلار باياناتى قائىدىسىنى ئوقۇپ چۈشەندىم، مەن جەزملەشتۈرمەنكى بۇنىڭ مەزمۇنىغا قوشۇلدۇم. بۇ باياناتنىڭ ئۇيغۇر سوت كوللىگىيەسى تور بېتىدە ئېلان قىلىنىدىغانلىقى ھەم كەڭ خەلق ئاممىسىغا تارقىتىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن.**

**ئىمزاسى:**

**يىل ئاي كۈن**